# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 (维吾尔文)

(بۇ سان تۆت بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65—0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل
مارت
16
يەكشەنبە


**ھاۋارايىدىن مەلۇمات:**
ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 4- — 5 C° بولىدۇ، ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

دوكلات

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ۋاڭ دىڭگۈي خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا 1997-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئېزىز مېھمانلار، دوستلارنى 1997-يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا قىزغىن تەكلىپ قىلدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا مەملىكەت ئىچىدىكى ئېزىز مېھمانلاردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد ۋە جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش باش جەمئىيىتى، دۆلەت تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەت تاۋار تەكشۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى؛ چەت ئەللىك مېھمانلاردىن ئەزەربەيجان، كانادا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، مالايسىيا، پاكىستان، روسىيە، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىلىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كەرىمباي، جىن يۈنخۈي، لى دۇڭخۈي، يۈسۈپ ئەيسا، دەللىقان مامىقان، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق كىشىلەرمۇ قاتناشتى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى دۇڭخۈي رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلار ۋە كارخانىچىلارنىڭ يەرمەنكىگە قاتنىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

### — 1997 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا بېرىلگەن

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ



ۋەكىللەر:

مەن ھازىر گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى ھەمدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

### 1. 1996 - يىللىق ئىچكى خىزمەتلەرگە نەزەر

1996 - يىلى - 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننىڭ پروگراممىسى يولغا قويۇلغان 1- يىل. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پائال ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغۋار پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشىنىڭ بېشى ئوبدان باشلاندى.

**خەلق ئىگىلىكى ئېزچىل، تېز يۈكسەلدى، پۇل پاخاللىقى ئۈنۈملۈك تورمۇزلاندى**

بۇ بۇلتۇردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزغا كاشىلا بولۇپ كەلگەن قىيىن مەسىلە ئىدى. بۇلتۇر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتتا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىنى % 14.8 تىن تەخمىنەن % 10 كە چۈشۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، تىرىشىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە % 6.1 كە چۈشۈرۈلۈپ، تەڭشەش - تىزگىنلەشتە كۆزلەنگەن نىشاندىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىقتىسادىي ھەرىكەت مۇھىتى ياخشىلىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغدىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، كارخانىلارنىڭ تەننەرخى ۋە دۆلەت مالىيىسىدىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئازايتىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 6 تىرىليون 770 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 9.7 كۆپەيدى. يىللىق مالىيە كىرىمى خېلى كۆپ ئاشتى، يەرلىك مالىيىنىڭ كىرىمى چىقىمىدىن كۆپ بولدى، مەركەز مالىيىسىدىكى قىزىل رەقەم خام چوتتىكى نىشان ئىچىدە تىزگىنلەندى. پۇل

4 مىليون كىشى ئازايتىلدى. كەسپىي مائارىپتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار % 56.8 كە يەتتى، تۈرلۈك كەسپىي ئوقۇتۇش ئاپپاراتلىرى 400 نەچچە مىڭغا يەتتى. ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ھەممە ساھە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە تەشۋىقات خىزمىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش دائىرىسى داۋاملىق كېڭەيتىلدى، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات- نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. مەدەنىيەت، پەن- تېخنىكا ۋە داۋالاش بويىچە يېزىلارغا چۈشۈپ دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشى ئومۇميۈزلۈك ئالقىشقا ئېرىشتى. ئومۇمىي خەلقنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى. تەنھەرىكەتچى ئەزىمەتلىرىمىز 26-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. مۇھىت مۇھاپىزىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، بۇلغاش ئەھۋالى ئېغىر بولغان بىر تۈركۈم كارخانىلار تاقىۋېتىلدى ۋە ئىشتىن توختىتىلدى. تىرىشچانلىق، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋاملىق چوڭقۇرلاپ باردى، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنىڭ بىر تۈركۈمى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى، مۇلازىملىق كەسىپلىرىدە ۋەدە بېرىش تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە قانات يايدۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسمى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ۋەتەننى قوغداش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تۆھپە قوشتى.

**شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى** شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ كىشى

كارخانىلارنىڭ تۇرۇپ قالغان ۋە توپلىنىپ قالغان ھېسابىغا ئىشلىتىلگەن ئېھتىيات فوندىنى بۇ يىلدىن باشلاپ يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ بېرىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش ئىشىنى قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىش، مۈلۈكنى سېتىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئاۋۋال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش، ئاندىن قەرزنى قايتۇرۇش كېرەك. ۋەيران بولغان كارخانىلار چىندىن تاقىلىشى، قەرز تۆلەشتىن قېچىپ يالغان ۋەيران بولىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك. كارخانىلارنى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان شەھەرلەردە قوشۇۋېتىلگەن كارخانىلارنىڭ بانكا قەرزىنى قايتۇرۇشتا، دىرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قايتۇرۇش، ئۆسۈم ھېسابلاشنى توختىتىش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئىگىلىك كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. كارخانىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇشى ۋە بىرلىشىشىدە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، زىيان تارتقان بىر قىسىم كارخانىلاردا مەھسۇلاتقا قاراپ ئادەم بەلگىلەش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈم ئاشۇرۇشنى يولغا قويۇش شەرتى ئاستىدا، قەرز ئۆسۈمىنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ ياكى كەچۈرۈم قىلىپ، ئارتۇق خادىملارنىڭ بۆلۈنۈپ ئورۇنلىشىشىغا ۋە ئىش ئورنىدىن چۈشكەن خادىملارنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. جايلار كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك مالىيە، كارخانا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت فوندىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر ئاز پۇل ئاجرىتىپ، قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش فوندى تەسىس قىلىش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئىش ئورنىدىن چۈشكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كەسىپ تاللاش كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش ۋە ئۆزى ئىش تېپىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

**ئۈچىنچى، كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغنى كۆپەيتىپ، قەرزنى ئازايتىش** قەرز نىسبىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇشى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر ئامىل. كارخانىلارنىڭ قەرز يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت بىر قاتار سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللانماقچى. بىرىنچى، «پۇل ئاجرىتىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش»تىن شەكىللەنگەن قەرزنى پەيدىنپەي دۆلەت دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇش، بۇنى كۆمۈر، سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر ۋە ھەربىي سانائەتتىن ئىبارەت تۆت ساھەدە بۇ يىل ئايلاندۇرۇپ بولۇش لازىم. باشقا ساھەلەردىمۇ بۇ ئىش چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، 1989 - يىلىدىن كېيىنكى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تىجارەت خاراكتېرىدىكى فوندىدىن شەكىللەنگەن قەرزنى پەيدىنپەي دۆلەت دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇش. ئۈچىنچى، بەزى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھىنى تاللاپ، پاي چېكى ياكى ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان زايوم تارقىتىش يولى بىلەن مەبلەغ توپلاش. تۆتىنچى، شارائىتى يار بەرگەن جايلار ئۆزى دەرىجىلىك مالىيىنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، بەزى تايانچ كارخانىلارنىڭ دەسمايىسى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرسە بولىدۇ. بەشىنچى، كارخانىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز مالىيە كۈچىگە تايىنىپ، جامائەت فوندىنى ۋە دەسمايىنى پائال تولۇقلىشى، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز كارخانىسىنىڭ قەرز نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك.

**بەشىنچى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش** ئىلمىي باشقۇرۇش- كارخانىلارنى ياخشىلاشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئىگىلىك ئىشلىرى ۋە باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى نۆۋەتتە نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولمايۋاتقانلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. كارخانىلار كۆز قاراشنى پائال ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىي تۈردە بازارغا يۈزلىنىپ، رىقابەتلىشىش شارائىتىغا باپ كېلىدىغان ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاساسىي خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، تەننەرخ، سۈپەت، مالىيە، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئەتراپلىق كۈچەيتىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك. كارخانىلارنى ياخشىلاشتا ئۇبدان رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشى كېرەك. كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش ئىشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، ئىشچان، پىگىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسى بىلەن جاپادىمۇ، راھەتتىمۇ بىللە بولالايدىغان يارامىلىق كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە سەپلەش لازىم. جان - دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىك باھالاش ۋە نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىخەتەر باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تىجارەتكە سېلىش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، دۆلەت مۈلكى قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاشۇرۇش، دۆلەت مۈلكىنى زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش لازىم. ئاۋىئاتسىيە، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال شىركىتىدىن ئىبارەت پاي چېكىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان ئۈچ شىركەتنىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئېلېكتر كۈچى، مېتاللۇرگىيە قاتارلىق سانائەت سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. كەسپلەر جەمئىيىتى، سودا ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ۋاستىچى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ مۇلازىمىتى، تەلەپچانلىق، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ۋەكىللەر! ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىز ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي فاكچېن. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىللە، شەھەر - يېزىلارنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلىشقا داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 4. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇش

دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەڭگەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېسىتىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. دۆلەتنى ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ بىلەن گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ۋە ئىزچىل تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، مەملىكەتلىك مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مۇھىت مۇھاپىزىتى، سەھىيە خىزمەت يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زورۇر سېلىنمىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئاشۇ خىزمەتلەردە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

**پەن - تېخنىكا خىزمىتى جەھەتتە** يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن يېتەكچى ئىدىيىسىگە بىنائەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، تېخنىكا كەشپ قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش، يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا ۋە ئۇنىڭ كەسپلىرى، ئاساس خاراكتېرلىك پەن تەتقىقاتىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامدىكى خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئەمەلىي تېخنىكىنى تەتقىق قىلىش ۋە كەشپ قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا قاراپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تېمىلىرىنى بېكىتىش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كەشپ قىلىش ۋە يېڭى كەسپلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش تەلىپىگە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىلغار ۋە يارامىلىق تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلارنى ۋە يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، بىئولوگىيە، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە، دېڭىز - ئوكيان، مۇھىت ۋە ئالەم قاتنىشى، ئاۋىئاتسىيە قاتارلىق سەھەر بويىچە تەتقىق قىلىش - كەشپ قىلىش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تاۋارلىشىشى ۋە كەسپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئۆزگەرتىش لازىم. دۆلەتنىڭ يۇقىرى - يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونلىرىنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. پاتېنت، تاۋار ماركىسى ۋە ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىيلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**مەدەنىيەت خىزمىتى جەھەتتە** ئەدەبىيات - سەنئەت، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق - نەشرىياتچىلىق ۋە پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئەتراپلىق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئامما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلۇغ دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىشى لازىم. ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ساغلام، مەدەنىي ۋە يۈكسەك مەھەللە مەدەنىيىتىنى، يېزا - بازار مەدەنىيىتىنى، كارخانا مەدەنىيىتىنى ۋە مەكتەپ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر - يېزا ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم. ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ مەدەنىيەت- سەنئەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك، مەدەنىيەت سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، پەن - تېخنىكا سارىيى، ئارخىپخانا قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق - نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە توغرا يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پروگراممىلار ۋە باسما ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «سېرىق مەرەزنى تازىلاش»، «قانۇنسىز مەتبۇئات چىقىرىش ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش» ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**سەھىيە، تەنتەربىيە خىزمىتى جەھەتتە** ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزىلاردىكى داۋالىنىش ھەمكارلىقىنى ۋە باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر - بازار، مەھەللىلەرنىڭ سەھىيە مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دورىلارنىڭ ئۇبورۇت تەرتىپىنى رەتكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش، چوڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، دورا، يېمەكلىك شۇنىڭدەك جامائەت تازىلىق ئىشلىرى ئۈستىدىكى نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. دوختۇرلۇق ئەخلاقى ۋە ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، داۋالاش سەۋىيىسىنى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. پۇتكۇل خەلقنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پىلانىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەنتەربىيە قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ۋە مۇسابىقە - ھەرىكەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش لازىم.

**دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش** ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مۇھىت، نوپۇس، بايلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مۇھىت ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ۋادىلارنىڭ، رايونلارنىڭ ۋە كەسپلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەپ، ئادەملەرنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىش شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. شەھەرلەردە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، كېرەكسىز سۇ، كېرەكسىز گاز، تاشلاندۇق نەرسە ۋە شاۋقۇن - سۈرەنلەرنىڭ بۇلغىشىنى ئازايتىش كېرەك. دېڭىز -ئوكيان، ئورمان، ئوتلاق، كان مەھسۇلاتلىرى ۋە جانلىقلار قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى قانۇن بويىچە قوغداش ۋە مۇۋاپىق ئېچىش لازىم. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خۇاڭخې، لياۋخې، جۇجياڭ دەريالىرى ۋە خۇەيخې - تەيخۇ ۋادىلىرىدىكى ئېھاتە ئورمانلىقلىرىنى بىنا قىلىش ئىشىنى تېزلىتىش. «ئۈچ شىمال» (غەربىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال) ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنى قاتارلىق ئېھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسىنى 2000 - يىلىغىچە 1 مىليارد 300 مىليون ئىچىدە كونترول قىلىش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى بوش قويۇۋەتمەي ھەر يىلى چىڭ تۇتۇش لازىم. نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

